بِسْمِ اللَّهِ الرَّحْمَٰنِ الرَّحِيمِ

﴿وَعَدَ اللَّهُ الَّذِينَ آمَنُوا مِنكُمْ وَعَمِلُوا الصَّالِحَاتِ لَيَسْتَخْلِفَنَّهُمْ فِي الْأَرْضِ كَمَا اسْتَخْلَفَ الَّذِينَ مِن قَبْلِهِمْ وَلَيُمَكِّنَنَّ لَهُمْ دِينَهُمُ الَّذِي ارْتَضَىٰ لَهُمْ وَلَيُبَدِّلَنَّهُم مِّن بَعْدِ خَوْفِهِمْ أَمْنًا يَعْبُدُونَنِي لَا يُشْرِكُونَ بِي شَيْئًا وَمَن كَفَرَ بَعْدَ ذَٰلِكَ فَأُولَٰئِكَ هُمُ الْفَاسِقُونَ﴾

مەركىزى تەشۋىقات بۆلىمى

حزب التحرير

HIZB UT TAHRIR

ھ ١٤٤٠يىل ١٥رەجەپ، جۈمە | ٢٢/٠٣/٢٠١٩م | نەشر نومۇرى: ١٤٤٠/٠٢٧ھ


ئاخبارات باياناتى

# خەلىفىلىك شەرقى تۈركىستاننى ئازاد قىلىدۇ ۋە جىنايەتچى خىتاينىڭ زۇلۇملىرىدىن قۇتۇلدۇرىدۇ

خىتاي باشلىقلىرى- مۇسۇلمانلار ھاكىملىرىنىڭ سۈكۈتتە باش ئەگىپ تۇرۇشلىرىدىن ئۆزىنى بىلەلمەي قالماقتا. چۈنكى، بۇ ھاكىملار شەرقى تۈركىستاندىكى ئۇيغۇر مۇسۇلمانلىرىغا ياردەم بېرىشىنىڭ ئورنىغا، دوللارلارنى ئەۋزەل كۆرۈشتى. خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ مۇسۇلمانلارنى دىنىدىن ياندۇرۇش ئۈچۈن ئېلىپ بېرىۋاتقان، كىشىنى چۆچۈتىدىغان دەھشەتلىك جىنايەتلىرىگە قۇلاق يۇپۇرۇپ تۇرۇشتى. خىتاينىڭ بۇ ئورۇنۇشلىرىنىڭ ھېچقانداق پايدىسى يوقتۇر. چۈنكى ئۇيغۇرلار- ئەجداتلىرى ھىجرەتنىڭ بىرىنچى ئەسرىنىڭ ئاخىرلىرىدا ئىسلام دىنى بىلەن ھىدايەت تاپقان، ئۇنىڭ ئەقىدىسىگە مەھكەم يېپىشقان، شۇندىن بېرى، قەلبلىرىدە ئىسلام دىنى مۇستەھكەم ئورۇنلاشقان خەلق ئىدى.

خىتاي ھۆكۈمىتى مۇسۇلمانلارنى دىنىدىن ۋاز كېچىشكە مەجبۇرلاۋاتىدۇ. ئۇلارنى دىنى ئىبادەتلەرنى قىلىشتىن توسىۋاتىدۇ. مەسچىتلەرنى تاقاپ، كىشىلەرنى مەسچىتلەرگە بېرىشتىن ۋە مۇبارەك رەمزان روزىسىنى تۇتۇشتىن چەكلەۋاتىدۇ. ئىسلامنىڭ ھەرقانداق كۆرۈنۈشىگە قارشى ئۇرۇش ئېچىۋاتىدۇ. ھەتتاكى، ئىش شۇ دەرىجىگە بېرىپ يەتتىكى، تاملىرى ئارقىسىدا نەچچە مىليون مۇسۇلمان ئۇيغۇر قامالغان ناھايىتى چوڭ جازا لاگېرلىرىنى قۇرۇپ، بۇ يەرلەردە « قايتا تەربىيلەش» دېگەن شۇئار بىلەن، « تېرورىزىمغا قارشى تۇرۇش» دېگەن يالغان داۋالار ئاستىدا مۇسۇلمانلارغا توختىماي زەربە بەرمەكتە. نۇرغۇنلىغان زىيالىلار، ئالىملار، مۇتەپەككۇرلەر ۋە ئۇنىۋېرسىتېت ئوقۇتقۇچىلىرىنى جازا لاگېرلىرىغا قامىدى. بۇلارنىڭ ھەممىسىنى مۇھىتقا ۋەھىمە تارقىتىش، مۇسۇلمانلارنىڭ قەلبلىرىگە قورقۇنچ سېلىش نەتىجىسىدە مۇسۇلمانلارنى ئۆزلىرىگە بويسۇندۇرۇش، ئىسلام دىنى بىلەن بولغان باغلىنىشىنى كۈچسىز، زەئىپ ھالغا چۈشۈرۈپ قويۇش ئۈچۈن قىلماقتا.

Intelligence ژۇرنىلى خىتاينىڭ « ئىسلام دىنى ھەرقانداق قىلىپ، ھەتتا قىيناش، ئۆلتۈرۈش بىلەن بولسىمۇ داۋالاش كېرەك بولغان يۇقۇملۇق كېسەل » دەپ ئېلان قىلغانلىقىنى خەۋەر قىلدى. ئىنسان ھەقلىرى كۆزىتىش تەشكىلاتى خىتاي ھۆكۈمەت دائىرىلىرىنىڭ مۇسۇلمانلارنى روھى ۋە جىسمانى قىيناقلار بىلەن تەھدىد سېلىپ دىنىدىن ۋاز كېچىشكە مەجبۇرلاۋاتقانلىقى ۋە ھۆكۈمەت دائىرىلىرىنىڭ بۇنىڭغا نىسبەتەن « زوراۋان تېرورچى، دىنى ئەسەبىي كۈچ، بۆلگۈنچىدىن ئىبارەت « ئۈچ خىل كۈچ » كە قارشى تۇۋاتىمىز» دەۋېلىۋاتقانلىقى ھەققىدە خەۋەر بەردى. BBC ئاگېنتلىقىمۇ خىتاي دائىرلىرىنىڭ بۇ يالغان شۇئارلار ئاستىدا قاتتىق باستۇرۇش سىياسەتلىرىنى يۈرگۈزۋاتقانلىقىنى خەۋەر قىلدى.

خىتاي دائىرلىرى مۇشۇنچىۋالا تاجاۋۇزچىلىقلارنى يۈرگۈزۋاتقان پەيتتە، مۇسۇلمانلارنىڭ ھاكىملىرى خار ھالەتتە قول قوشتۇرۇپ تۇرۋاتىدۇ ۋە ئۇلار بىلەن ھەمكارلىق ئېلىپ بېرىۋاتىدۇ. بۇنىڭغا ھىندىنوزىيەنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى يوسۇف كەلەنىڭ 2018- يىلى 12- ئاينىڭ 17- كۈنىدە قىلغان سۆزلىرى مىسال بولالايدۇ. ئۇ ھىندىنوزىيە ھۆكۈمىتىنىڭ شەرقى تۈركىستاندىكى مۇسۇلمانلار يولۇقۇۋاتقان ئىچكى مەسىلىلەرگە ئارلىشالمايدىغانلىقىنى بىلدۈردى. ئۇنىڭ دېيىشىچە، بۇ خىتاي ھۆكۈمىتىگە تېگىشلىك ئىش. مانا مۇشۇنداق قىلىپ، خىتاي ھىندىنوزىيە، مالايسىيا، پاكىستان قاتارلىق دۆلەتلەرگە مەبلەغ سېلىپ بەرگەن دوللارلار ۋە خىتاي بىلەن تۈزۈلگەن تىجارەت كېلىشىملىرى مۇسۇلمانلارنىڭ ھاكىملىرىنى شەرقى تۈركىستاندىكى مۇسۇلمانلارغا ياردەم بېرىشتىن ئىبارەت ئاللاھ ئۇلارغا پەرز قىلغان بويرۇقنى ئورۇنداشتىن توسۇپ قويىدى.

شۇنداقتىمۇ بىز مۇسۇلمانلار شۇنىڭغا ئىشىنىمىزكى، بۇ ساختىكار ھاكىملار ئىسلام ئۈممىتىگە ۋەكىللىك قىلمايدۇ. بىز خىتاي قوماندانلىرىنى ئىسلام ئۈممىتىنىڭ غەزىپىدىن ئاگاھلاندۇرىمىز. مۇسۇلمانلار ھامان بىر كۈنى ئاللاھنىڭ ئەمرىگە قايتىپ، ھاكىملار سالغان كويزا-كىشەنلەرنى پاچاقلاپ تاشلاپ، شەرقى تۈركىستاندا، مىيانماردا، كەشمىر، پەلەستىن ۋە باشقا مۇسۇلمان دىيارلىرىدا مۇسۇلمانلارغا زۇلۇم قىلغان ۋە ئۇلارغا تاجاۋۇز قىلغان ھەربىر زالىمدىن ئىنتىقام ئېلىش ئۈچۈن ئورۇنلىرىدىن دەس تۇرىدۇ.

خىتاي قوماندانلىرى ئاتا بوۋىلىرىنىڭ قىسمىتىدىن ئىبرەت ئېلىشلىرى كېرەك! ئۇلار مۇسۇلمانلار قوشۇنىنىڭ ئەمرى جەڭگىۋار قوماندان قۇتەيبە ئىبنى مۇسلىمنىڭ «خىتاي زېمىنىغا قەدەم باسماي قويمايمەن» دەپ ئىچكەن قەسىمنى ئورۇندىشىدىن قېچىپ قۇتۇلالمىغان ئىدى. خىتاي پادىشاھى ئۇنىڭغا ۋەزىرلىرى ۋە بىر تۈركۈم ئەلچىلىرىنى ئەۋەتىپ: |بىزنىڭ زېمىنىمىزغا بېسىپ كىرمەڭ. بىز نېمە دېسىڭىز شۇنى قىلىپ سىزنى رازى قىلايلى، سىز قانچىلىك خالىسىڭىز شۇنچىلىك جىزيە تاپشۇرايلى» دېدى. قۇتەيبە ئۇلارغا : مەن خىتاي تۇپرىقىغا چوقۇم قەدەم باسىدىغانلىقىمغا قەسەم ئىچكەنىدىم، دېدى. ئۇلار: بىز سىزگە قەسىمىڭىزنى ئورۇنداش شارائىتىنى تەييار قىلىپ بېرىمىز، دېيىشتى. خىتاي پادىشاھىنىڭ ئەلچىسى دەرھال قايتىپ بېرىپ خىتايدىن توپا ئېلىپ كېلىپ، قۇتەيبەنىڭ يېنىغا ئېلىپ كىردى. قۇتەيبە ئۇنىڭغا دەسسىدى ۋە ئۇنىڭ ئۈستىدە تۇردى. ئۇلاردىن جىزيە ئالدى. ئۇلار جىزيەسىنى باشلىرىنى ئەگكەن ھالدا تاپشۇرۇشقان ئىدى.

مۇسۇلمانلار زۇلۇملارغا سۈكۈت قىلىپ ئۇخلاپ يېتىۋەرمەيدۇ. ئۇلارنىڭ بېشىدىن كېچىۋاتقان بۇ زۇلمەت ۋە تۇمان، پەقەت يازنىڭ ئۆتكۈنچى بۇلۇتىدىن ئىبارەت. ئاللاھنىڭ ئىزنى بىلەن پەيغەمبەر منھاجىغا ئاساسلانغان راشد خەلىفىلىك دۆلىتى پات يېقىندا قۇرۇلىدۇ ۋە شەرقى تۈركىستاندا زۇلۇم چېكىۋاتقان مۇسۇلمانلارنى قۇتۇلدۇرىدۇ. ھەربىر زالىم، تاجاۋۇزچىدىن ھىساپ سورايدۇ. رەسۇلۇللاھ مۇنداق دېگەن: ئىمام قالقاندۇر، ئۇنىڭ ئارقىسىدا تۇرۇپ جىھات قىلىسىلەر ۋە قوغدىلىسىلەر.» ئەنە شۇچاغدا نە خىتاي، نە باشقىسى مۇسۇلمانلارغا ئەزىيەت يەتكۈزۈشكە جۈرئەت قىلالمايدۇ. چۈنكى قىلغانلىرىنىڭ بىرگە ئىككى بولۇپ ياندىغانلىقىنى بىلىدۇ. ئاللاھ كۈچلۈكتۇر. غالىپتۇر.


**دوكتۇر ئوسمان بەخخاش**

**ھىزبۇتتەھرىر مەركىزى تەشۋىقات بۆلىمىنىڭ مۇدىرى**

المكتب الإعلامي المركزي حزب التحرير HIZB-UT-TAHRIR Central Media Office



تېلېفون/فاكس: 009611307594 يانفون: 0096171724043

ئېلېكتىرونلۇق خەت: media@hizb-ut-tahrir.info

ھىزبۇتتەھرىر ئادرېسى
www.hizb-ut-tahrir.org

مەركىزى تەشۋىقات بۆلىمى ئادرېسى
www.hizb-ut-tahrir.info